السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# مەن سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ياخشىراقى ۋە رەببىڭلارنىڭ نەزىرىدە پاكىراقىنى دەپ بېرەيمۇ؟

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ياخشىراقى ۋە ئىگەڭلارنىڭ نەزىرىدە پاكىراقى، دەرىجەڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغانراقى، سىلەر ئۈچۈن ئالتۇن-كۈمۈش خەجلىگەندىنمۇ ياخشىراقى، دۈشمەنلىرىڭلارغا ئۇچرىشىپ سىلەر ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا، ئۇلار سىلەرنىڭ بويۇنلىرىڭلارغا ئۇرغاندىنمۇ ياخشىراق بولغىنىنى دەپ بېرەيمۇ؟» دېدى، ساھابىلار: شۇنداق قىلسىلا، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنى ئەسلەش» دېدى

[- سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۇنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - تىرمىزىي"سۇنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرگە ئەمەللىرىڭلارنىڭ ياخشىراقى، ساۋابى كۆپرەكى ۋە رەببىڭلارنىڭ نەزىرىدە پاكىراقى، دەرىجەڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغانراقى، سىلەر ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا ئالتۇن-كۈمۈش خەجلىگىنىڭلاردىنمۇ ياخشىراقى، كاپىرلار بىلەن جەڭ مەيدانىدا ئۇچرىشىپ، ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن سىلەر ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا، ئۇلار سىلەرنىڭ بويۇنلىرىڭلارغا ئۇرغاندىنمۇ ياخشىراق بولغىنىنى دەپ بېرەيمۇ؟» دېدى، ساھابىلار: «شۇنداق قىلسىلا، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنى ئەسلەش» دېدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3575

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee